2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# زۇڭلى لى كېچياڭ مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى



5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا مۇخبىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ يىغىن باياناتچىسى جاڭ يېسۈينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ليۇ ۋېيبىڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا مۇخبىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ يىغىن باياناتچىسى جاڭ يېسۈينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

مۇخبىرلار يىغىنى باشلانغاندا، لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: ئالدى بىلەن تاراتقۇ ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ ئالاھىدە مەزگىلدە ئالاھىدە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جۇڭگونىڭ ئىككى يىغىنىنى خەۋەر قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى يۇقۇم سەۋەبىدىن، بىز سىنلىق ئالاقىلىشىش شەكلىدە مۇخبىرلار يىغىنى ئاچتۇق، مېنىڭچە بۇ ئارىلىق ئارىمىزدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ۋاقىت چەكلىك، كۆپچىلىك سوئال سورىساڭلار بولىدۇ.

**رېيتېر ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىغا ئېغىر تەسىر پەيدا قىلدى، نۇرغۇن دۆلەت ھۆكۈمىتى نەچچە تىرىليون دوللارلىق مالىيە ۋە پۇل تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئىقتىسادقا كۆرسەتكەن زەربىسىگە تاقابىل تۇردى. بۇ يىل جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا GDPنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بېكىتىلمەپتۇ. رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ مۆلچەرەن ھېسابلىشىچە، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مالىيە تەدبىرى جۇڭگونىڭ 2019 ـ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 4%ىنى ئىگىلىگەن، بۇ كۆلەم بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ كۆزلىمىسىدىن تۆۋەن، بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە جۇڭگو ئىقتىسادىدا تۇنجى قېتىم نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى تارىيىش كۆرۈلدى. كەلگۈسى نەچچە ئايدا، جۇڭگو تەرەپ تېخىمۇ زور كۆلەملىك تۈرتكە بولۇش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويامدۇ ـ يوق؟ تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، جۇڭگو تەرەپنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يۇقۇمنىڭ سىجىل يامرىشىغا ۋە ئۈزلۈكسىز جىددىيلىشىۋاتقان جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان يېتەرلىك سىياسەت قورالى بارمۇ ـ يوق؟

**لى كېچياڭ:** بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە پەيدا قىلدى، تارىختا ئاز كۆرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندا نۇرغۇن ئاساسلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى بۇ يىل پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى مىنۇس 3%، ھەتتا تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. جۇڭگو ئىقتىسادى دۇنيا ئىقتىسادىغا ئاللىقاچان چوڭقۇر سىڭگەن، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ يىل بىز GDPنىڭ ئېشىشىنىڭ مىقدارلاشقان كۆرسەتكۈچىنى بېكىتمىدۇق، بۇمۇ ھەققەتتە ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەنلىك. بىراق بىز ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» نىشان ۋەزىپىسىنى بېكىتتۇق، بۇ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى مۇھىم ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز ئەمەلىيەتتە خەلق ئاممىسىغا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى تېخىمۇ بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە قىلىش. تەرەققىيات جۇڭگودىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ ۋە ئاساس. ئەگەر بىرتۇتاش ھېسابلىساق، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى، بولۇپمۇ ئالدىنقى «ئۈچكە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرساق، بىز بۇ يىللىق جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، شۇنداقلا بەلگىلىك نىسبەتتىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولالايمىز.

سىز بايا بىز ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەت كۆلىمىنىڭ كۆزلىمىدىن تۆۋەن بولغانلىقى توغرىسىدا ئىنكاسلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالدىڭىز، لېكىن مەنمۇ نۇرغۇن جەھەتتىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم، بىز ئوتتۇرىغا قويغان كۆلەملىك سىياسەتنىڭ يەنىلا سالمىقى بار دەپ قارايمەن. بۇ زەربىگە تاقابىل تۇرۇشتا، بىز ھەم سالماقنى ئىگىلىشىمىز، يەنە پۇرسەتنىمۇ ئىگىلىشىمىز كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يامرىغان چاغدا، بىزمۇ بىر قىسىم سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، بىراق شۇ چاغدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يەنىلا ئالغا سىلجىتىلىۋاتقان بولۇپ، كەسىپنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، بىر قىسىم سىياسەتنىڭ تامامەن ئەمەلىيلىشىشىگە مۇمكىن بولمىدى، كۆپلىگەن ئادەم ئۆيىدە تۇردى. بۇ جەرياندا، بىزمۇ تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق. دەل ئالدىنقى مەزگىلدىكى تەجرىبە ۋە ھازىرقى ۋەزىيەتكە بولغان ھۆكۈمگە ئاساسەن، بىز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويغان كۆلەملىك سىياسەت ـ تەدبىرنىڭ سالمىقى بار دېيىشكە بولىدۇ.

ئىلگىرى بىز «باستۇرۇپ سۇغىرىش» قىلمايمىز دېگەن، ھازىر ھېلىھەم شۇنداق قىلىۋاتىمىز، بىراق پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە پەۋقۇلئاددە سىياسەت بولۇشى كېرەك، بۇنى بىز «سۇ قويۇپ بېرىپ بېلىق بېقىش» دەيمىز. يېتەرلىك سۇ بولمىسا، بېلىق ياشىيالمايدۇ. مۇبادا سۇ يېيىلىپ كەتسىلا، كۆپۈكچىلەر شەكىللىنىپ، بەزىلەر ئارىدىن پايدا ئۈندۈرۈۋالىدۇ، بېلىقنىمۇ باققىلى بولمايدۇ، يەنە بەزىلەر سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتىدۇ. شۇڭا بىز قوللانغان تەدبىر قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك، بۇ دېگەنلىك تومۇرنى توغرا تۇتۇش، دورىنى توغرا بېرىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. پۇل نەدىن كېلىدۇ، قەيەرگە ئىشلىتىلىدۇ، ھەممىسىدە يېڭى يولدا مېڭىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى كۆلەملىك سىياسەتتە تەييارلانغان مەبلەغ ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىلدى: بىر بۆلىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن مالىيە قىزىل رەقىمى ۋە تارقىتىلىدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە زايومى بولۇپ، جەمئىي 2 تىرىليون يۈەن. يەنە بىر تېخىمۇ چوڭ بۆلىكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش بولۇپ، بەزى دۆلەتلەر ئىش ھەققى بېجى دەپ ئاتاپ ھەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى قالدۇقىدىن ئىشلىتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا بانكىلىرىنىڭ پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشى، تەبىئىي مونوپول خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنىڭ باھانى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ بۆلەك قوشۇلسا تەخمىنەن ئالدىنقى بۆلەكنىڭ ئىككى ھەسسىسى بولىدۇ. بىز بۇ مەبلەغلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىشلىتىپ، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىگە تىرەك قىلىمىز. بۇ مەبلەغلەرنى بىزنىڭ ھازىرقى بارلىق ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى بولغان 40 نەچچە تىرىليون يۈەنلىك ئومۇمىي گەۋدە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نىسبەت ئىككى خانىلىق سانغا يېتىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى پۇل نەگە بارىدۇ؟ بىز بۇ قېتىم كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن قوللانغان كۆلەملىك سىياسەت، ئاساسلىقى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىپ، ئاھالىلەرنى ئىستېمال ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ، بۇ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازارغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق بولۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ يولى دېيىشكە بولىدۇ.

پۇل پۇلنى تاپىدۇ، خەلققە ئىشلىتىلگەن پۇل يېڭى بايلىق يارىتىپ، باج مەنبەسىنى ساقلاپ قېلىپ، مالىيەنى ئىمكانىيەتلىك سىجىللىققا ئىگە قىلىدۇ. بىز چوقۇم ھازىرقى ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مۇقىم ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك، لېكىن، قاتتىق دەسسەپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ كېيىندىكىلەرنىڭ يولىدىن ئېزىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ياكى باشقا جەھەتتە يەنە چوڭ ئۆزگىرىش كۆرۈلسە، بىز يەنە سىياسەت بوشلۇقى قالدۇردۇق، مەيلى مالىيە، پۇل مۇئامىلە، ئىجتىمائىي كاپالەتتە بولسۇن ھەممىسىدە سىياسەت زاپىسى بار، يېڭى سىياسەتنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويساق بولىدۇ، شۇنداقلا ئىككىلەنمەيمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم.

بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، چوقۇم ھازىرقى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئاساسىي ھالەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، دۇنيا ئۈچۈن قوشۇلغان تۆھپە، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىدۇ.

**پېڭ بو ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا يېشىلمىگەن سىر بولۇپ، ئالىملار بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تېپىش كەلگۈسىدە كەڭ تارقىلىشچان كېسەل يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق دەپ قارىدى. بەزىلەر مەنبە مەسىلىسىدە خەلقئارالىق قاراپ چىقىشنى قانات يايدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. جۇڭگو تەرەپ تەكشۈرۈشكە قارىتا قانداق مەيداندا تۇرىدۇ؟ سىزنىڭچە بۇنداق تەكشۈرۈش قانداق مەقسەتكە يېتىشى كېرەك؟ نېمە مەسىلىدىن ساقلىنىش كېرەك؟

**لى كېچياڭ:** جۇڭگو ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. يېقىندا ئېچىلغان دۇنيا سەھىيە يىغىنىدا ئالاقىدار قارار ماقۇللاندى، جۇڭگومۇ قاتناشتى. چۈنكى مەنبەنى ئىلمىي سۈرۈشتۈرگەندە تېخىمۇ ياخشى ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ، بۇ ھەم دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتىي، ساغلاملىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ قېتىمقى يۇقۇم تۇيۇقسىز يۈز بەردى، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يېڭى يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغانلىرى مەلۇم بولغانلىرىدىن يەنىلا كۆپ دېيىشكە بولىدۇ. ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، ئۇ پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئالدىنى ئېلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنى تىزگىنلەۋاتىدۇ، ئىزدىنىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ھازىرغىچە تېخى مۇكەممەل تەجرىبە يوق. بىز يۇقۇمنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى كونترول قىلىپ، ۋاكسىنا، ئۈنۈملۈك دورا، تەكشۈرۈش دورىلىرى تەتقىقاتىدا بۆسۈشنى تېزلىتىشىمىز كېرەك، بۇ، ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋىرۇس ئۈستىدىن غالىب كېلىشىدىكى كۈچلۈك قورال. جۇڭگو ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەر مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ، بىزمۇ خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى خالايمىز. بۇ مەھسۇلاتلار يەر شارى ئاممىۋى مەھسۇلات، بىز ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنى ۋىرۇستىن ئىبارەت بۇ دۈشمەن ئۈستىدىن ئورتاق غالىب كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى خالايمىز.

جۇڭگو خەلقى مىسلىسىز جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقئارا ھەمكارلىققا پائال قاتنىشىپ، ئاشكارا، ئوچۇق مەسئۇلىيەتچان بولغان ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتكە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلدى. لېكىن ھازىر يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا تارقىلىۋاتىدۇ، جۇڭگودىمۇ ئاخىرلاشقىنى يوق، يەنە ئاغرىق مىسالى تارقىلىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئالىملار يەنىلا ھوشيارلىقنى ساقلاپ، قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. بىز ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاشكارا، ئوچۇق بولۇش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇم بايقالغان ھامان، قەتئىي باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، ھەرقانداق يوشۇرۇشقا يول قويمايمىز، بەلكى ئىلمىي ئالدىنى ئالىمىز ـ داۋالايمىز.

ھازىر نۇرغۇن كىشى يۇقۇم قىسقا مۇددەتتە ئاخىرلاشماسلىقى، يەنە بىر مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەلقئارا جەمئىيەت قوش خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئىككى جاۋاب قەغىزى ئىشلىشى كېرەك: بىر جەھەتتىن يۇقۇمنى كونترول قىلىش؛ بىر جەھەتتىن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نورمال تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ ئىككىسى زىددىيەتلىك، ئەگەر بىرلا جەھەتتىكى ئىشنى قىلسا ئوخشاش بولمايدۇ. بىز ھازىر زىددىيەت ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىشقا، ئىزدىنىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەشكە موھتاج، بولۇپمۇ خەلقئارا ھەمكارلىققا موھتاج. مەيلى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بولسۇن ياكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسۇن، ھەممىسى بىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىنسانلارنى بۇ مەيدان غايەت زور دولقۇننىڭ زەربىسىدىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرى:** سىز ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا بۇ يىللىق جۇڭگونىڭ ئىقتىساد سىياسىتىنى شەرھلىدىڭىز. ھۆكۈمەت قايسى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ مەبلەغلەرنىڭ كارخانىلارغا ھەققىي نەپ يەتكۈزۈشىگە، قۇرۇق ئايلىنىشتىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئادەتتىكى پۇقرالارغا ھەققىي ھېس قىلدۇرغىلى بولامدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بۇ بىر قېتىملىق ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان زەربە، بىزنىڭ يېنىك ھارۋا بىلەن تونۇش يولدا مېڭىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، پەقەت چوڭ ھارۋا بىلەن قىيىن يولدا ماڭىمىز. شۇڭا بىز سىياسەتتە يىغىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىمىز. مەن بايا دېدىم، بىز يولغا قويغان كۆلەملىك سىياسەت قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ۋە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ، ئەھمىيەت بېرىلىدىغىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇل قۇرۇلۇش تۈرىگە بېقىنىپ قالماسلىقتۇر. چۈنكى، ھازىر جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئىستېمال ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا ئاساسلىق تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتىدۇ، بەلكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار جەلپ قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا 90%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەۋاتىدۇ. بىز بۇ قېتىم قوللانغان كۆلەملىك سىياسەتتە، 70% ئەتراپىدا مەبلەغ ئىشلىتىلىپ، بىۋاسىتە ياكى بىر قەدەر بىۋاسىتە ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىگە تىرەك قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بازارغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇم سەۋەبىدىن، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئىستېمالنى تىزگىنلەيدىغانلىقىدەك ناھايىتى چوڭ بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق. بىزنىڭ مۇشۇنداق يۈزلىنىشتە سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشىمىزمۇ بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى.

ئۇنىڭدىن قالسا، بىز سىياسەت، مەبلەغنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈشىنى، كارخانىلارغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈشىنى، خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈشىنى تەكىتلەيمىز. يېڭىدىن كۆپەيگەن قىزىل رەقەم ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە زايوم مەبلىغىنىڭ ھەممىسى يەرلىككە يۆتكەپ بېرىلىدۇ، ئۆلكىدىمۇ پەقەت «يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بايلىق ئىلاھى» بولۇپ، ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر: ئۇنداقتا ئاساسىي قاتلام بۇ پۇلنى ياخشى ئىشلىتەلەمدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بىز ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم مېخانىزمىنى قوللىنىپ، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى كارخانىلارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، تۆۋەن كاپالەت، ئىشسىزلىق، كۈتۈنۈش ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. راست نام تىزىملىكى ئورنىتىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ، ساختا ھېسابات قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلىشقىمۇ ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. بىز كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرىمىز، جەمئىيەتنىڭ نازارەت قىلىشىنىمۇ قارشى ئالىمىز. بىز قوللانغان تەدبىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈنۈمىنى بازار سۇبيېكتى ۋە خەلق ئاممىسى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ قېتىم باشلامچى بولۇپ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈردى، بىز مەركەز تارماقلىرىنىڭ جىددىي زۆرۈر بولمىغان، مۇقىم بولمىغان چىقىملارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى قىسقارتىپ، يۆتكەپ چىقىلغان مەبلەغنى ئاساسىي قاتلام، كارخانا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلەتتۇق. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك، شەكىلۋازلىق قىلىشقا، بەتخەجلىك قىلىپ پۇل خەجلەيدىغان ئاشۇنداق ئىشلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

بايا مەن ئىستېمالنى كېڭەيتىش توغرىسىدا كۆپرەك توختالدىم، لېكىن بۇ مەبلەغ سالماسلىق كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بىز يەنە ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشنى كېڭەيتىمىز. بۇ قېتىم يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس تۈر زايومى 1 تىرىليون 600 مىليارد يۈەن بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە بىر قىسىم زايومنى قوشقاندا، 2 تىرىليون يۈەنلىك كۆلەمگە ئىگە بولىدۇ، بۇ، كۆلەملىك سىياسەتتە 20% ـ 30%نى ئىگىلەيدۇ. بىزنىڭ مەبلەغ سېلىشىمىزدىكى مۇھىم نۇقتا «ئىككى يېڭى، بىر مۇھىم» يەنى يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ۋە دۆلەت ئىگىلىكى، خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان مۇھىم، زور تۈرلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھ قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، بۇ مەبلەغلەرنى ئىشلىتىپ ئىجتىمائىي مەبلەغ سېلىنمىسىنى قوزغىتىمىز. تۈرنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى، پايدىسى بولۇشى، ئىلمىي دەلىللەشتىن ئۆتۈشى، قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش، يامان ئاقىۋەت قالدۇرماسلىق كېرەك.

**جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى مۇخبىرى:** بۇ يىلقى ئىككى يىغىن يۇقۇم سەۋەبىدىن 5 ـ ئايغا سۈرۈلۈپ ئۆتكۈزۈلدى، بۇ ۋاقىت نۇقتىسى دەل «20 · 5»غا ناھايىتى يېقىن. دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيەسى داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەھۋالدا، كەلگۈسىدە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان سىياسىتىدىكى ئومۇمىي ئوي نېمە؟ كەلگۈسىدە ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق قىلىپ داۋاملىق ئالغا سىلجىتىلىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** مەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا بىزنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان زور سىياسەت ـ فاڭجېنىمىز ئىزچىل، شۇنداقلا كىشىلەر ئورتاق بىلىدۇ، دېدىم. بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «92 ـ يىلدىكى ئورتاق تونۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»گە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بۇ سىياسىي ئاساستا، بىز تەيۋەندىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە زاتلار بىلەن ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشىپ، كېڭىشىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز، بىز ئەڭ زور سەمىمىيلىك، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايمىز. تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، بىز ئەزەلدىن سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ كەلدۇق. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆز ئىشىنى ياخشى ھەل قىلالىغۇدەك ئەقىل ـ پاراسىتى بار، ئىقتىدارى بار.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)